# ئاممىۋى سەھىيە سىستېمىسىنىڭ پەن - تېخنىكا تىرىكىنى يەنىمۇ كۈچەيتەيلى

(بېشى 1 - بەتتە)

بىر تۈركۈم ئۇنۇملۇك دورا ۋە داۋالاش لايىھەلىرىنى تېزلىكتە تاللاپ چىقتۇق، كۆپ تېخنىكىلىق لىنىيە بويىچە ۋاكسىنا تەتقىق قىلىپ ئېچىش كلىنىكىلىق سىناق باسقۇچىغا كىردى. يېقىندا، ۋۇخەندە پەقەت 19 كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىپ 9 مىليون 900 مىڭغا يېقىن ئادەمنىڭ مەركەزلەشتۈرۈپ نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش تاماملاندى، ساغلاملىق كودى، ئىنفىرا قىزىل نۇرلۇق تېمپېراتۇرا ئۆلچىگۈچ، داۋالاش - پەرۋىش قىلىش ياردەمچى ماشىنا ئادەم، 5G يىراق مۇساپىلىك كوللېكتىپ دىياگنوز قويۇش قاتارلىق رەقەملىك تېخنىكىلاردىن پايدىلىنىش يۇقۇمنى كۆزىتىش - ئۆلچەش، تەھلىل قىلىش، ۋىرۇس مەنبەسىنى ئىزدەش، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، قۇتقۇزۇش - داۋالاش، بايلىقلارنى تەقسىملەش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم رول ئوينىدى. پەن تەتقىقات، كلىنىكا، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بىرىنچى سېپى ئۆز-ئارا ماسلىشىپ، ئىشلەپچىقىرىش، ئوقۇتۇش، تەتقىقاتتىن ئىبارەت ھەرقايسى تەرەپلەر زىچ ماسلىشىپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشنى كۈچلۈك پەن - تېخنىكا تىرىكى بىلەن تەمىنلىدى. خۇددى «لىيۇېداۋ»نىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى رىچارد خورتون ئېيتقاندەك، جۇڭگو دوختۇرلىرى ۋە ئالىملىرى ئەڭ كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشتى.

ئىنسانلار ھامان يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ، لېكىن ئېغىر، زور ئاممىۋى سەھىيە تاسادىپىي ۋەقەلىرى ئىنسانلار ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق ئەمەس. «تاسادىپىي ئىشلاردىن ئالدىن مۇداپىئەلىنىش دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتىكى ئەقەللىي ساۋات.» بىز شۇنى جەزمەن چوڭقۇر تونۇپ يېتىشىمىز كېرەككى، ئېغىر، زور يۇقۇملۇق كېسەل ۋە بىيوبىخەتەرلىك خەۋپ - خەتىرى دۆلەت خەۋپسىزلىكى ۋە تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىغا مۇناسىۋەتلىك ئېغىر، زور خەۋپ - خەتەر، خىرىستۇر، ھاياتلىق بىخەتەرلىكى ۋە بىيوبىخەتەرلىكى ساھەسىدىكى مۇھىم، زور پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىمۇ دۆلەتنىڭ مۇھىم قورالى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئاممىۋى سەھىيە جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش سىستېمىسى دۆلەت ئىستراتېگىيەسى سىستېمىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. سەھىيە - ساغلاملىق ساھەسىدىكى ئېغىر، زور خەۋپ - خەتەرنىڭ ھەر ۋاقىت ئالدىنى ئېلىپ، كۈچلۈك ئاممىۋى سەھىيە سىستېمىسى بەرپا قىلىشنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بىر تەرىپى بولسا پەن - تېخنىكا تىرىكىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشتۇر. بىيوبىخەتەرلىكنى دۆلەت ئومۇمىي خەۋپسىزلىكىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى قىلىپ، ئادەتتىكى مەزگىل بىلەن جەڭ مەزگىلىنى بىرلەشتۈرۈش، ئالدىنى ئېلىش بىلەن جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈش، پەن تەتقىقات بىلەن قۇتقۇزۇش - داۋالاش، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئاممىۋى سەھىيە پەن تەتقىقات ئۈتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىقتىدار قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. ھەرقايسى تەرەپلەردىكى پەن تەتقىقات كۈچلىرىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، سىستېمىلاشقان تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئىستراتېگىيەلىك پىلانلاش ۋە ئالدىن كۆرەرلىك ئورۇنلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بويىچە ئالدىن سىگنال بېرىش، ئالدىن كۆزىتىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۇچۇرلارنى دەل ۋاقتىدا ئۇنۇملۇك ئىگىلەپ، تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرىنى دەل ۋاقتىدا قوللىنىش كېرەك. يۇقۇم يامراپ جىددىي ھالەتكە ئۆتكەندىن كېيىنكى پەن تەتقىقات ئۈتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى قوماندانلىق قىلىش، ھەرىكەتكە كېلىش، كاپالەتلەندۈرۈش سىستېمىسىنى تەتقىق قىلىپ ئورنىتىپ، ئادەتتىكى مەزگىلدە جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش ھەرىكەت كۆرسەتمىسىنى ياخشى تەييارلاپ، جىددىي ئەھۋال كۆرۈلگەندە تېز قوزغىتىش كېرەك.

يېڭىلىق يارىتىش تەرەققىياتقا يېتەكچىلىك قىلىدىغان بىرىنچى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ، پەن - تېخنىكا قىيىنچىلىق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشتىكى كۈچلۈك قورال. تۈزۈلمە - مېخانىزم جەھەتتىن پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ۋە جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش، ئۆزگەرىشكە ماسلىشىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، ئاچقۇچلۇق، يادرولۇق تېخنىكىدا ئۈتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ يېڭىچە پۈتۈن دۆلەت تۈزۈلمىسىنى ئورنىتىشنى تېزلىتىپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، ئاجىز تۇرلەرنى كۈچەيتىپ، يوچۇقلارنى ئېتىپ، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنىڭ سىستېمىلىشىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. نوپۇس ساغلاملىقى، بىيوبىخەتەرلىكى قاتارلىق ساھەلەردىكى پەن تەتقىقات كۈچلىرى ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىپ، ھاياتلىق ئىلمى، بىيوتېخنىكا، تېببىي دورا - سەھىيە، داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى قاتارلىق ساھەلەردىكى دۆلەت نۇقتىلىق پەن تەتقىقات سىستېمىلىرىنى بىرىكتۈرۈپ، بىر تۈركۈم دۆلەت كلىنىكىلىق تېببىي تەتقىقات مەركەزلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، سەھىيە - ساغلاملىق ساھەسىدىكى پەن - تېخنىكا سېلىنمىسىنى زورايتىپ، ھاياتلىق ئىلمى ساھەسىدىكى ئاساسىي تەتقىقات ۋە داۋالاش، ساغلاملىققا ئائىت ئاچقۇچلۇق، يادرولۇق تېخنىكىدا بۆسۈش ھاسىل قىلىشنى كۈچەيتىپ، يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئاممىۋى سەھىيە ساھەسىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك پەن - تېخنىكا كۈچى ۋە ئىستراتېگىيەلىك زاپاس ساقلاش ئىقتىدارىنى تېز ئۆستۈرۈش كېرەك. جۇڭيى تېبابىتى بىلەن غەرب تېبابىتىنى بىرلەشتۈرۈش، جۇڭيى تېبابىتى دورىلىرى بىلەن غەرب تېبابىتى دورىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ئىشلىتىش بۇ قېتىمقى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى بىر چوڭ ئالاھىدىلىك، شۇنداقلا جۇڭيى تېبابىتى دورىگەرلىكىنىڭ جەۋھەرگە ۋارىسلىق قىلىش، توغرا يولدا چىڭ تۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىشنىڭ جانلىق ئەمەلىيىتى. كلاسسىك تېببىي كىتابلارنىڭ جەۋھەرلىرىنى رەتلەش ۋە قېزىشنى كۈچەيتىپ، بىر تۈركۈم پەن تەتقىقات تىرىكى سۇپىلىرىنى قۇرۇپ، جۇڭيى دورىلىرىنى تەكشۈرۈپ باھالاش، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش مېخانىزمىنى ئىسلاھ قىلىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، جۇڭيى دورىلىرى بويىچە يېڭى دورىلارنى تەتقىق قىلىپ ئېچىش ۋە كەسىپ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جۇڭيى تېبابىتى دورىگەرلىكى مۇلازىمەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، جۇڭيى تېبابىتى دورىگەرلىكى بويىچە ئالاھىدە ئىختىساسلىقلار قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، دۆلەت جۇڭيى تېبابىتى بويىچە يۇقىرى سەۋىيەلىك يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش قوشۇنى بەرپا قىلىش كېرەك. پەن تەتقىقات ئىختىساسلىقلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تۈزۈلمە - مېخانىزمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىختىساسلىقلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىلىق بولغان يېتىشتۈرۈش مېخانىزمى، ھەركىم ئۆز قابىلىيىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا پايدىلىق بولغان ئىشلىتىش مېخانىزمى، بەس - بەستە ئۆسۈپ يېتىلىپ، ھەركىم ئۆز ئىقتىدارىنى نامايان قىلىشقا پايدىلىق بولغان رىغبەتلەندۈرۈش مېخانىزمى، ئىختىساسلىقلارنىڭ ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىشىگە پايدىلىق بولغان رىقابەت مېخانىزمىنى تېز شەكىللەندۈرۈپ، ئىختىساسلىقلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدىكى مۇنبەت تۇپراقنى ياخشى يېتىشتۈرۈپ، ئىختىساسلىقلارنىڭ يىلتىز سىستېمىسىنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: «خەلقنىڭ ئېھتىياجى ۋە چاقىرىقى پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى ۋە يېڭىلىق يارىتىشنىڭ دەۋر ساداسى.» خەلق ئويلىغاننى ئويلاش، خەلق ئالدىرىغانغا ئالدىراشتا چىڭ تۇرۇپ، دىققەتنى ئېغىر، چوڭ كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، يېمەكلىك - دورا بىخەتەرلىكى قاتارلىق مۇھىم، زور خەلق تۇرمۇشى مەسىلىلىرىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاممىۋى پەن - تېخنىكا تەمىناتىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇپ، ئاممىۋى سەھىيە سىستېمىسىنىڭ پەن - تېخنىكا تىرىكىنى يەنىمۇ كۈچەيتكەندىلا، چوقۇم خەلقنى ئولتۇراقلىشىشقا تېخىمۇ ماس كېلىدىغان تۇرمۇش مۇھىتى، تېخىمۇ ياخشى داۋالاش - سەھىيە مۇلازىمىتى، تېخىمۇ خاتىرجەم يېمەكلىك - دورىدىن بەھرىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى تېخىمۇ گۈزەل قىلغىلى بولىدۇ.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

# «سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش» ئاچقۇچلۇق مۇداپىئە سېپىنى مۇستەھكەملەش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ قوماندانى لى پېڭشىن مانېۋىرنى كۆزدىن كەچۈردى ھەم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بۇ قېتىمقى مانېۋىر ھەم پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى چېگرا پورتلىرىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بويىچە جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىگە بولغان ئەمەلىي جەڭ تەكشۈرۈشى، ھەم «سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش»تىكى تۈرلۈك تەدبىرلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى قايتا سەپەرۋەر قىلىش، قايتا تەكىتلەش، قايتا ئورۇنلاشتۇرما قىلىش ھېسابلىنىدۇ. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن مەزگىلىدە قىلغان مۇھىم سۆزلىرىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت تەلىپى بويىچە، «سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش» تۈرلۈك تەدبىرلىرىدە قەتئىي چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تەستە قولغا كەلگەن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش نەتىجىلىرىنى قەتئىي مۇستەھكەملەپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقى چوڭ ۋەزىيىتىنى قەتئىي قوغداپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش نىشان - ۋەزىپىلىرىنى تاماملاپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

ئۈستەل يۈزى مانېۋىرىدا چېگرا پورتلىرىدا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تاسادىپىي ۋەقەلىرى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنىپ، نەق مەيداندا ۋەقەگە ئالاقىدار سىننى قويۇش ۋە ئەمەلىي ۋاقىتتا قوماندانلىق قىلىش - جاۋاب بېرىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، قورغاس، ئەركەشتام، قونجىراپتىن ئىبارەت ئۈچ چېگرا پورتىنىڭ چېگرادىن كىرىش بويىچە كارانتىن قىلىش، بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش، يۇقۇمغا ئىنكاس قايتۇرۇش، ئاغرىق مىسالىنى بىر تەرەپ قىلىش، تېببىي قۇتقۇزۇش - داۋالاش قاتارلىق ئون جەھەتتىكى جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش تەييارلىقى ۋە ئەمەلىي جەڭ مەشغۇلات ئەھۋالى تەقلىد قىلىندى. ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش قوماندانلىق ئىشتابلىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا مانېۋىر ئۆتكۈزدى، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مۇتەخەسسىسلەر ۋەكىللىرى باھالىدى.

لى پېڭشىن مۇنداق كۆرسەتتى: «سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش»نى بوشاشتۇرماسلىقنى چىڭ كۆزلەپ، «ئۈچ مۇداپىئە سېپى»نى قەتئىي ياخشى ساقلاپ، چېگرا پورتلىرى، نۇقتىلىق مەيدان - سورۇنلار، نۇقتىلىق كىشىلەر توپىدا دەل جايىدا ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، «چېگرا سىرتى»دىن «دۆلەت دەرۋازىسى»غىچە، يەنە «ئۆي»گىچە بولغان پۈتۈن زەنجىرلىك يېپىق ھالقىسمان باشقۇرۇشنى ياخشى ئىشلەپ، يۇقۇمنىڭ كىرىش خەۋپىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈش كېرەك. ئەمەلىي جەڭ مانېۋىرى ئارقىلىق، ئوخشاش بولمىغان ئىنكاس قايتۇرۇش دەرىجىسىدىكى جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش لايىھەسى سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە ئىنكاس قايتۇرۇشتىكى ھەرقايسى دەرىجە، ھەرقايسى تەرتىپ، ھەرقايسى ھالقىلارنىڭ يوچۇقسىز جىپسىلىشىشىغا تۈرتكە بولۇپ، تاسادىپىي ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئالدىن ھۆكۈم قىلىش دائىرىسىدە بولۇشى، تاقابىل تۇرۇش تەدبىرنىڭ ھەممىسىنىڭ كونتروللۇقىمىز دائىرىسىدە بولۇشىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. تۈرلۈك تەييارلىق خىزمەتلىرىنى چىڭ تۇتۇپ، پۇختا تۇتۇپ، ئىنچىكە تۇتۇپ، بولۇپمۇ تەجرىبىخانىلارنىڭ نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، نۇقتىلىق قوبۇل قىلىپ داۋالاش دوختۇرخانىلىرىنىڭ يېتەرلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئايرىش نۇقتىلىرىنى ئىلمىي، مۇۋاپىق تەسىس قىلىپ، خادىملارنى يۆتكەپ توشۇشنىڭ يۇقىرى ئۇنۇملۇك مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ، تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمى بويىچە تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، مەھەللە ۋە دوختۇرخانىلاردا يۇقۇملىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە سىجىل كۈچەپ، ۋاقتىدا بايقاش، تېز بىر تەرەپ قىلىش، دەل جايىدا باشقۇرۇش - تىزگىنلەش، ئۈنۈملۈك قۇتقۇزۇش - داۋالاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

لى پېڭشىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، پارتىيە كومىتېتى رەھبەرلىكىدىكى يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى، قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش خىزمەت مېخانىزمىدا چىڭ تۇرۇپ، قوماندانلىقنىڭ راۋانلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. جەڭ ۋاقتىدىكى مەسئۇلىيەت سىستېمىسىنى چىڭىتىپ، پۇختىلاپ، سەھىيە - ساغلاملىق، كېسەلنى تىزگىنلەش، تاموژنا، جامائەت خەۋپسىزلىكى، تۆمۈريول، داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى قاتارلىق كۆپ تارماق ماسلىشىپ، بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىدىغان، ئۆز-ئارا تىرەك بولىدىغان، يۇقىرى ئۈنۈملۈك يۈرۈشىدىغان خىزمەت ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، مەسئۇلىيەتنىڭ ئېنىق بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ئاممىۋى سەھىيە مۇلازىمەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشى سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، كاپالەتنىڭ كۈچلۈك بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. نۇقتىلىق ئورۇن، ئاچقۇچلۇق ئىش ئورنىدىكى خادىملارنىڭ مۇداپىئەلىنىش ۋە تەربىيەلىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مۇداپىئەلىنىشنىڭ جايىدا بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن تيەن ۋېن، مەڭلىك سىيىت پائالىيەتكە قاتناشتى.

# مەمەت ئېلى ئۈچۈن ئەلچى بولۇش خاتىرىسى

(بېشى 1 - بەتتە)

ئاپتوموبىلدىن چۈشۈپلا، مەمەت ئەلچىلىككە تەييارلىغان سوۋغىلىرىنى ئاپتوموبىلدىن ئېلىپ چۈشتى، قىز تەرەپ راھىلە راخمان ئائىلىسىدىكىلەر قىزغىن ئالدىغا چىقىپ، مېھمانلارنى ئۆيگە باشلىدى، مېھمانلار جوزىنى چۆرىدەپ ئولتۇردى.

«بۇ مېنىڭ ‹لىيۇ دادام›، مەن ئۇنىڭ ئالدىدا چوڭ بولغان، ئۇ دادامغا ئوخشاش.» ئىككى تەرەپنىڭ ئاتا - ئانىسى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى داستىخاندا ئولتۇرغاندىن كېيىن، مەمەت ئالدى بىلەن لىيۇ شۆەنپىڭنى تونۇشتۇردى ھەم ئۇنىڭ بۈگۈن ئۆزىنىڭ دادىسىنىڭ ئورنىدا كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈردى. ئۇرۇق - تۇغقانلارنى بىر - بىرلەپ تونۇشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىككى تەرەپ تاماق يېگەچ پاراڭلىششقا باشلىدى.

«ئىككىلا بالا ناھايىتى مۇنەۋۋەر، ئۇلارنىڭ ئارىلاشقىنىغا يېرىم يىلدىن ئاشتى، قىزچاق چىرايلىق بولۇپلا قالماي، يەنە ناھايىتى ئىش ئۇقىدىكەن، بىز بۇنىڭدىن ناھايىتى رازى. بىزنىڭ بۇ يىگىتمۇ بەك تىرىشچان، ھازىر ئىككى ئاشخانا ئاچىدۇ. كونىلار توغرا دەپتىكەن، ئۆي - ئوچاقلىق بولۇش، ئىگىلىك تىكلەشتە ئالدى بىلەن ئۆي - ئوچاقلىق بولۇش كېرەك، ئائىلە تىرەك بولغاندىلا، ئىش تېخىمۇ روناق تاپىدۇ. باللار توي قىلىش يېشىغا يەتتى، ئۇلارنىڭ بۇ يىل توي قىلىۋېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن...» لىيۇ شۆەنپىڭ قىز تەرەپنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا ئەلچىلىككە كېلىش مەقسىتىنى بىلدۈردى.

تاماق ئارىلىقىدا، ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلەر «ئاتا - بالا» ئوتتۇرىسىدىكى ھېكايىگە قىزىقىپ قالدى، لىيۇ شۆەنپىڭ بىلەن مەمەت كۆپ يىللاردىن بۇيان ئورناتقان ئاتا - بالىلىق رىشتىنى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن سۆزلەپ بەردى.

« مەن ۋە مەمەتنىڭ ئاتا - ئانىسى ئارال بازىرىدا دۇكان ئاچاتتۇق، ئۇ چاغدا ئۇ تېخى كىچىك، ئاغزى تاتلىق بولۇپ، ئادەمنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرەتتى.» لىيۇ شۆەنپىڭ ئىككى ئائىلە كىشىلىرى بارغانسېرى ياخشى تونۇشتۇق، دېدى. لىيۇ شۆەنپىڭنىڭمۇ بىر ئوغۇل، بىر قىزى بولۇپ، باللار دائىم بىللە ئوينايتتى، مەمەتمۇ بارا - بارا ئۇنى دادا دەپ چاقىرىشقا ئادەتلەندى. لىيۇ شۆەنپىڭمۇ خۇددى ئۆزىنىڭ بالىسىغا مۇئامىلە قىلغاندەك، مەمەت خاتالىق ئۆتكۈزسە سەۋرچانلىق بىلەن قايىل قىلىپ تەربىيە بېرىپ، ئۇنىڭغا ھەق - ناھەقنى ئېنىق ئايرىشنى ئۆگەتتى.

«‹لىيۇ دادام› مېنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىمدە ئاچقۇچلۇق رول ئوينىدى، ئۇنىڭ تەربىيەسى ۋە ياردىمى بولمىسا، ھازىر ئۆزۈمنىڭ قانداق ئادەم بولىدىغانلىقىمنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن.» مەمەت ھاياجانلانغان ھالدا ئېسىدە قالغان بىر قانچە ئىشنى سۆزلەپ بەردى. ئۇن نەچچە ياش ۋاقتلىرىمدا، مەن ساۋاقداشلىرىم بىلەن ئۇرۇشاتتىم، تاماكا چېكەتتىم، ھاراق ئىچەتتىم. «لىيۇ دادام» ماڭا نۇرغۇن داۋلى سۆزلەپ، ئۇرۇشۇشنىڭ قابىلىيەت ھېسابلانمايدىغانلىقىنى، ئائىلىسىدىكىلەرنى خاتىرجەم قىلىشنىڭ ئوغۇل بالىنىڭ مەسئۇلىيىتى ئىكەنلىكىنى تونۇتتى. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ۋاقتىمدا، «لىيۇ دادام» كەسپىي تېخنىكا مەكتىپىگە بېرىپ تېخنىكا ئۆگىنىشكە تەۋسىيە قىلدى، ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن، يەنە مېنى ھەربىيلىككە قاتنىششقا تونۇشتۇرۇپ، مېنى توغرا كىشىلىك ھايات يولىغا باشلىدى. مەن ئۆز ئالدىمغا ئىگىلىك تىكلىمەكچى بولغاندا، ئۇ سەۋرچانلىق بىلەن مېنىڭ بازارنى تەھلىل قىلىشىمغا ياردەم بەردى ھەم ماڭا ئىگىلىك تىكلەش مەبلىغى بېرىپ تۇردى، ناھايىتى تېزلا مېنىڭ بىرىنچى غەربچە ئاشخانام تىجارەت باشلىدى، يېرىم يىلدىن كېيىن يەنە بىر مۇزىكىلىق تاماقخانا ئاچتىم.

«تىرىشىش ئارقىلىق بىنادىن بىر يۈرۈش ئۆي سېتىۋالدىم، يەنە بىر پىكاپ سېتىۋالدىم، شۇ بىر خوتۇنلا كەم قالدى، خوتۇن ئېلىشتىن ئىبارەت بۇ كىشىلىك ھاياتىمدىكى چوڭ ئىشقىمۇ ‹لىيۇ دادام›نىڭ قاتنىششىنى ئۈمىد قىلىمەن، چۈنكى ئۇ مېنىڭ گۈزەل ھاياتىمنى ۋۇجۇدقا چىقاردى» دېدى مەمەت كۆپچىلىككە كۈلۈپ تۇرۇپ.

لىيۇ شۆەنپىڭ مەمەتكە مېھرىبانلىق بىلەن قاراپ، نەق مەيداندىكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا: «بۇ بالا كىچىكىدىن تارتىپلا مېھىر - مۇھەببەتنى مۇھىم بىلىدۇ، ئالغا ئىنتىلىش روھىغا ئىگە، قىسقىغىنا نەچچە يىلدا ئاشخانىنى جانلاندۇردى. ئۆي - ئوچاقلىق بولغاندىن كېيىن، راھىلەدەك بۇنداق ياخشى قىز ھەمراھ بولسا، بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلىرىنىڭ تېخىمۇ ياخشى ئۆتىدىغانلىقىغا، ئىشلىرىنىڭ تېخىمۇ روناق تاپىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن».

خوشلىشىش ئالدىدا، قىز تەرەپنىڭ ئاتا - ئانىسى جاۋاب بېرىپ، ئىككىيلەننىڭ توي ئىشىغا قوشۇلدى ھەم بۇ يىل 9 - ئايدا بىر ياخشى كۈننى تاللاپ توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلدى.

راھىلەنىڭ دادىسى راخمان تۇراپ مۇنداق دېدى: «بۇ توي ئىشىدىن بىز ئىنتايىن رازى بولدۇق، مەمەت ئەڭ مۇھىم تۇغقىنى ئەلچىلىككە ئېلىپ كەپتۇ، پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر ئىنتايىن خۇشال بولدۇق. ئۇنىڭ بىلەن ‹لىيۇ دادا›سىنىڭ ھېكايىسى ئىنتايىن تەسىرلىك ئىكەن، بىزمۇ ‹لىيۇ دادا›نى قۇدىدەك كۆرىمىز، بۇ خىل مېھىر - مۇھەببەتنىڭ ئىزچىل داۋاملىششىنى ئۈمىد قىلىمىز».

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)